# ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مېنىڭ تۆھمەتتىن پاك ئىكەنلىكىم توغرىسىدا ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ ئۇ ۋەقەلىكنى تىلغا ئالدى ۋە قۇرئان كەرىمدە نازىل بولغان ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى، مۇنبەردىن چۈشكەندە ئىككى ئەر ۋە بىر ئايالغا تۆھمەت قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن دەررە ئۇرۇلدى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«مىنىڭ تۆھمەتتىن پاك ئىكەنلىكىم توغرىسىدا ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ ئۇ ۋەقەلىكنى زىكىر قىلدى ۋە قۇرئان كەرىمدە نازىل بولغان ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى، مۇنبەردىن چۈشكەندە ئىككى ئەر ۋە بىر ئايالغا تۆھمەت قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن دەرە ئۇرۇلدى»

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"نامىلىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"نامىلىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"نامىلىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خەۋەر بېرىپ، ئۆزىنىڭ تۆھمەتتىن پاكلانغانلىقى توغرىسىدا ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە سۆز قىلدى، ئاشۇ ۋەقەلىكتىن كىشىلەرنى خەۋەردار قىلدى ۋە مۇنبەردە تۇرۇپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى توغرىسىدا نازىل بولغان ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن مۇنبەردىن چۈشۈپ ،تۆھمەت قىلغان ئىككى ئەر يەنى ھەسسان ئىبنى سابىت، مىستەھ ئىبنى ئۇساسەنى ۋە ئايالدىن ھىمنەتە بىنتى جەھشنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقى ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىرىگە بۆھتان جازاسى بولغان سەكسەن دەررە جازانى ئىجرا قىلدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58241